

رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (1)

# قۇشنىڭ ئارزۇسى

تەييارلىغۇچى: نەسلىخان ئۇيغۇر

UYGUR.COM



ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئەقىللىق
بىر قۇش بولغانىكەن. ئۇ،
ئادەمگە ئوخشاش
سۆزلىيەلەيدىكەن.



بۇ قۇشنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر پادىشاھ نۇرغۇن كۆچ سەرپ قىلىپ ئۇنى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە پوپۇك مونچاقلار بىلەن زىنىنەتلەنگەن ئالتۇن قەپەزگە سولاپ ئوردىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىكەن. ئۆز قولى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىكەن.



ئاردىن خېلى ۋاقىتلار
ئۆتۈپتۇ. لېكىن قۇش بىر
قېتىممۇ ئېچىلىپ سايرىماپتۇ.
ئۇ دائىم غەمكىن ھالەتتە
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ
تۇرىدىكەن.



بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بىر كۈنى قول ئاستىدىكى ۋەزىر ئۆلىمالىرىنى يىغىپ:

- ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قۇش بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا نىمە ئۈچۈن سايرىمايدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرلەردىن بىرى:

- بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن سوراپ كۆرەيلى، - دەپتۇ.



قۇشتىن نىمە ئۈچۈن سايرىمايدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن:

- قەپەزنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويساڭلار، دەرەخ ئۈستىگە قونۇپ سايراپ بېرىمەن. - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قۇش.



بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قەپەز ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ،
قۇش قەپەزدىن چىقىپتۇ دە، مەجنۇنتالنىڭ زىلۋا شېخىغا قونۇپ:



ئالتۇن قونداق قەپەزدىن،

لىك ـ لىك قومۇشۇم ياخشى،

بۇندا ھەسەل يىگەندىن،

ئەركىن تۇرمۇشۇم ياخشى.

دەپ بىر قېتىم سايراپلا ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك بالىلار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com